شىنجاڭ گېزىتى

2020-يىل 10-ئاي
6
سەيشەنبە
维吾尔文 10 月6日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65-0002/-W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57   ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com   25206-سان   بۈگۈن 2 بەت

ئالدىنقى سەككىز ئايدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونلارنىڭ تاشقى سودا قىممىتى 80%كە يېقىن ئاشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چىن چياڭۋېي**نىڭ ئۈرۈمچى تاموژنىسىدىن ئىگىلىشىچە، ئالدىنقى سەككىز ئايدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونلار 9 مىليارد 422 مىليون يۈەن ئىمپورت - ئېكسپورت سودا قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرغان بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 79.02% ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت 5 مىليارد 822 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 65.26% ئاشقان؛ ئېكسپورت 3 مىليارد 600 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 106.88% ئاشقان.

نۆۋەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا تاموژنا ئالاھىدە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش رايونىدىن جەمئىي تۆتى بار بولۇپ، ھەممىسىنىڭ تەستىقلىنىپ تەسىس قىلىنغىنىغا بەش يىلدىن ئاشتى، رايون ئىچىدىكى ئاساسلىق كەسىپ ھالىتى ئاشلىق پىششىقلاش، يەم - خەشەك پىششىقلاش، پاختا توقۇمىچىلىق - پىششىقلاش ۋە ئامبار ئەشيا ئوبوروتى بولۇپ، سىرتقا يۈزلەنگەن كەسىپلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى كۈنسېرى مۇكەممەللەشتى.

ئالدىنقى سەككىز ئايدا، ئالاتاۋ ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونى، ئۈرۈمچى ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونى، قورغاس ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونى (جۇڭگو - قازاقىستان قورغاس خەلقئارا چېگرا ھەمكارلىق مەركىزى جۇڭگو تەرەپ ياندىش رايونى)، قەشقەر ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونىنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت سودا قىممىتى ئايرىم - ئايرىم 5 مىليارد 405 مىليون يۈەن،

(ئاخىرى 2-بەتتە)

3-قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

خۇشاللىقتا تولغان دۆلەت بايرىمى — قەلبلەرنى ئىللىتقان جۇڭچيۇ

كەنتتە تۇرۇشلۇق كادىرلار ئامىمىغا ئىللىقلىق يەتكۈزدى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز گې يوۋجۈن

دۆلەت بايرىملىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترەتلىرى زىيارەت قىلىش، ھال سوراش، ئائىلىلەرگە كىرىپ تەشۋىق قىلىش، كۆزلۈك يىغىمغا ياردەم بېرىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، ھەر مىللەت ئامما بىلەن بايرامنى بىرلىكتە ئۆتكۈزۈپ، پارتىيەنىڭ ئىللىقلىقىنى ئاممىنىڭ قەلبىگە يەتكۈزدى.

10-ئاينىڭ 1-كۈنى، دۆلەت ئىستاتىستىكا ئىدارىسى شىنجاڭ تەكشۈرۈش باش ئەترىتىنىڭ ئۈچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ يامانسۇ قىرغىز يېزىسى بوز كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى يۆلبىك، ئۇن، ياغ قاتارلىق بايراملىق سوۋغاتلارنى ئېلىپ، تۆۋەن كىرىملىك ئائىلىلەرنى زىيارەت قىلىپ، يوقلاپ، ئۇلاردىن بايراملىق ھال سورىدى ھەم ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشتا يولۇققان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلىرىنى بىر - بىرلەپ ئىگىلىدى. ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە ئاممىنەم ئايۋېنىڭ ئائىلىسىدە يەتتە جان بولۇپ، بۇ بىرنەچچە يىلدا، ئۇلار خىزمەت ئەترىتىنىڭ ياردىمىدە سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىش، باقمىچىلىقنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق كىرىمىنى يىلدىن - يىلغا ئاشۇردى. «پارتىيەگە رەھمەت، بىز چوقۇم ھازىرقى ياخشى كۈنلىرىمىزنى قەدىرلەيمىز، ۋەتىنىمىزنىڭ تېخىمۇ گۈللىنىپ، قۇدرەت تېپىشىغا تىلەكداشمىز!» دېدى ئاممىنەم.

10-ئاينىڭ 2-كۈنى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەدەنىيەت - تەنتەربىيە - رادىيو - تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسىنىڭ مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ دۆڭچېك بازىرى جۇڭشىڭ كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1-شۇجى جاڭ شىنخېڭ ئەترەت ئەزالىرىنى باشلاپ، كەنت ئاھالىسى چېن پېيجۈننىڭ ئۆيىگە كېلىپ زىيارەت قىلدى، ھال سورىدى ھەم سىياسەت تەشۋىق قىلىپ، ئۇنىڭغا كىرىمنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش پىلانى تۈزۈپ بەردى. چېن پېيجۈن مېيىپ بولۇپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە ئىدى. خىزمەت ئەترىتى يىل بېشىدا ئۇنى تازىلىق قىلىش ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق ئىش ئورنىغا ماسلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، مۇقىم كىرىمگە ئىگە قىلدى.

(ئاخىرى 2-بەتتە)

مول ھوسۇل شادلىقىنى ھېس قىلىش

10-ئاينىڭ 5-كۈنى، قوڭتوبى ناھىيەسىنىڭ ۋۇگۇڭتەي بازىرىدىكى 1000 مولۇق شال تېرىش بازىسىدا، ساياھەتچىلەر شۇ جايدىكى دېھقانلار بىلەن بىرلىكتە شال ئورۇپ، مول ھوسۇل شادلىقىنى ھېس قىلدى. □ تاۋ ۋېيمىڭ فوتوسى

ھەممە ئائىلىلەرنىڭ شادلىقتا چۆمگەنلىكىنى كۆرۈش   ئائىلە دۆلەتنى كۆڭۈلگە پۈكۈش

سۆز ھەممىگە

□ خوۋ خۇي

جۇڭچيۇ ئۇزاقتىن بۇيان ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قائىدە - يوسۇن؛ دۆلەت بايرىمى جۇڭگو زېمىنىدىكى تەنتەنىلىك مۇراسىم. جۇڭچيۇدا بىر ئائىلە كىشىلىرى جەم بولىدۇ، دۆلەت بايرىمىدا پۈتۈن مەملىكەت ئورتاق خۇشاللىقتا چۆمىدۇ. قوش بايرام بىللە كەلدى، ئائىلە دۆلەت ئورتاق تەبرىكلىدى، بۇ يىلقى بۇ ئالاھىدە يىل تېخىمۇ چوڭقۇر مەنىگە ئىگە بولدى.

ئاي تولغاندا، ھەممە ئۆيلەردە چىراغلار چاقنىدى.

ئائىلىدىكىلەر ئەركىن - ئازادە ئولتۇرۇشتى، چىراغ نۇرى تېخىمۇ يېقىشلىق تۇيۇلدى. ئائىلە تارتىش كۈچى ئەڭ كۈچلۈك جاي. ئائىلە قەلبىمىزدىكى تونۇش، ئادەتتىكىچە جاي، ئەمما تولىمۇ قىممەتلىك تۇيغۇغا تويۇنغان جاي.

ئۇ ئەڭ ئىللىق قەلب قولتۇقى — دېرىزە تۈۋىدە يورۇپ تۇرغان بىر ئىللىق چىراغ قايتىش يولىدىكى نىشان؛ يان تېلېفوندىكى قېرىنداشنىڭ بىر بۆلەك يېقىملىق سۆزى بالىنىڭ چەكسىز رىشتىسى؛ تېلېفوندىكى بىر جۈملە ئادەتتىكى تاپىلاش چوڭلارنىڭ ئۈزۈلمەس سېغىنىشى؛ ۋېيشىندىكى بايراملىق قىزىل بولاق ئائىلىدىكىلەرنىڭ بەخت كۈلكىسى...

خەۋپ - خەتەر، قىيىنچىلىق ئالدىدا ھەممە ئائىلە بىر نىيەتتە بولدى.

بۇ يىل ئەتىيازدىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ يازنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقى بولۇۋاتقان 7-ئايدا يەنە بىر قېتىم يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۇرۇش ھالىتىگە كىردى. كەسكىن سىناق ئالدىدا، ئائىلە بىزنىڭ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، يۇقۇمغا قارشى شىددەتلىك جەڭ قىلىشىمىزدىكى كۈچلۈك ئارقا تىرەك بولدى.

(ئاخىرى 2-بەتتە)

گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭغا كېلىپ، نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى تەكشۈردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **مېھرىگۈل غوپۇر** خەۋەر قىلىدۇ: 10-ئاينىڭ 4-كۈنىدىن 5-كۈنىگىچە، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئۆلكە باشلىقى ما شىڭرۇي گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىپ، نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى تەكشۈردى، ئىككى جاينىڭ ھەمكارلىقى، ئالماشتۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر سۆھبەت يىغىنى ۋە ئالاقىدار پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.

10-ئاينىڭ 4-كۈنى كەچتە ۋە 10-ئاينىڭ 5-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەن بىلەن قەشقەر شەھىرىدە نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، بىڭتۇەننىڭ سىلىڭيۈەنى پېڭ جيارۇي سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

ما شىڭرۇي گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن شىنجاڭنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان گۇاڭدۇڭنىڭ خىزمەتلىرىنى قوللىغانلىقى، ياردەم بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى باش شۇجى شى جىنپىڭ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى گۇاڭدۇڭغا تاپشۇرغان مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە، بۇ، گۇاڭدۇڭغا تولۇق ئىشەنگەنلىك، شۇنداقلا گۇاڭدۇڭنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان سىياسىي مەسئۇلىيىتى.

(ئاخىرى 2-بەتتە)

شىنجاڭنىڭ ئىچىنى ھالقىسمان تۇتاشتۇرۇش   شىنجاڭغا كىرىپ چىقىشنى تېزلىتىش

رەقەم ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ «13-بەش يىل»نى سۆزلەش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لۇ فېڭباۋ** خەۋەر قىلىدۇ: «13-بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز دىققەتنى يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى ۋە قاتناش كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇلۇشىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، شىنجاڭغا كىرىدىغان - چىقىدىغان تۆمۈريول، تاشيول چوڭ يولى قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، شىنجاڭ ئىچىدىكى تاشيول، تۆمۈريول، خەلق ئاۋىياتسىيەسى تورىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «شىنجاڭنىڭ ئىچىنى ھالقىسمان تۇتاشتۇرۇش، شىنجاڭغا كىرىپ چىقىشنى تېزلىتىش» نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تېزلەتتى.

2016-يىلىنىڭ ئاخىرى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاشيول ئومۇمىي مۇساپىسى 182 مىڭ 100 كىلومېتىرغا يەتتى (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). 2019-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاشيول ئومۇمىي مۇساپىسى 194 مىڭ 200 كىلومېتىرغا يەتتى (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت يولى، ئۆلكە يولى غول لىنىيەلىرىنىڭ ئومۇمىي مۇساپىسى 34 مىڭ 400 كىلومېتىرغا يېتىپ، 2015-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن يېڭىدىن 7761 كىلومېتىر كۆپەيتىلدى؛

(ئاخىرى 2-بەتتە)



□制图/新疆日报视觉中心　陈 潇

ئاپتونوم رايون قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى بويىچە 3-قېتىملىق ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **سۈي يۈنيەن** خەۋەر قىلىدۇ: 10-ئاينىڭ 5-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايوننىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى بويىچە 3-قېتىملىق ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا مەخسۇس كۈرەش قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ «ئالتىنى تۈگىتىش» ھەرىكىتىدىكى يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر خۇلاسىلەندى، «تەلتۆكۈس تۈگىتىش»كە تۈرتكە بولىدىغان يېڭى تەدبىر، يېڭى تەلەپلەر تەتقىق قىلىندى، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىشنى دائىملاشتۇرۇپ قانات يايدۇرۇشقا ئائىت يېڭى پىكىر يولى، يېڭى مېخانىزم پىلانلاندى، مەخسۇس كۈرەشتە ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش ئالغا سىلجىتىلدى، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىشتا ئۇزاق ئۈنۈملۈك بولۇش، دائىملىق تۈزۈم ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى ۋاڭ جۈنجېڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

(ئاخىرى 2-بەتتە)

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

چاپچال گۈرۈچىنىڭ خۇش ھىدى سۈپەتلىك ماركا يولىنى ئاچتى

«ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بويىچە سېپىدە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمىز ⑱

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جەزىرە نىسىپبېك، جاڭ رۇيلىن

تيانشاننىڭ قار سۈيىدىن ئوزۇق ئالغان چاپچال گۈرۈچىنىڭ داڭقى يىراقلارغا تارالدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەسى ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ، كۆلەملەشتۈرۈپ، تۈجۈپىلەپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى يولغا قويۇپ، تىرىقچىلىق كۆلىمى مۇقىم، يېزا ئىگىلىكنى زامانىۋىلاشتۇرۇش دەرىجىسى بىرقەدەر يۇقىرى، ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان ئەلا سۈپەتلىك شال ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇپ، شالچىلىق كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

ئەلا سورتلارنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش كىرىمنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى

9-ئاينىڭ 25-كۈنى، چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ سۇنجاچى نىرۇ بازىرى جولپان كەنتىدىكى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى چاپچال شال تەجرىبە پونكىتىدا، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئاشلىق زىرائەتلىرى تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى ۋاڭ فېڭبىن يېتىشتۈرۈلۈۋاتقان يېڭى شال سورتىنى كۆزىتىۋاتاتتى.

ئىلگىرى، چاپچالدىكى شال تېرىيدىغان دېھقانلار ئىشلەتكەن ئۇرۇقلۇق كۆپ خىل ھەم شالغۇت بولغاچقا، ئىشلەپچىقىرىلغان شالنىڭ سۈپىتى ئوخشاش بولماي، شۇ جاينىڭ شالى كەسىپلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تەسىر كۆرسىتەتتى. 2015-يىلىدىن باشلاپ، چاپچال «ئاكادېمىيە بىلەن ناھىيە پەن - تېخنىكىدا ھەمكارلىشىپ ئورتاق بەرپا قىلىش» ئۇسۇلى ئارقىلىق، شۇ جاينىڭ تۇپراق ۋە كىلىمات شارائىتىغا ماس كېلىدىغان ئەلا سۈپەتلىك ئۇرۇقلۇق يېتىشتۈرۈپ، شال مەھسۇلات مىقدارى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈردى.

«يېقىنقى بەش يىلدىن بۇيان، بىز شۇ جايدا تېرىشقا ماس كېلىدىغان ئالتە خىل سورتنى يېتىشتۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ مو بېشى ھوسۇلىنى 40 كىلوگرام ئەتراپىدا ئاشۇردۇق» دېدى ۋاڭ فېڭبىن.

نۆۋەتتە، بۇ تەجرىبە پونكىتى يېتىشتۈرگەن شىنداۋ 42، شىنداۋ 46، نوگلىن 315 قاتارلىق ئۇرۇقلۇقلار دېھقانلار تەرىپىدىن كەڭ كۆلەمدە تاللاپ ئىشلىتىلىپ، شال سورتىنىڭ ئەلالاشتۇرۇش نىسبىتى 100%كە يەتتى.

ئاقىل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كۈچ قوشتى

بۇ يىل، جولپان كەنتىدىكى 100 ئائىلىلىك دېھقان 12 مىڭ مو يېرىنى چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىگە ئوبوروت قىلدى.

(ئاخىرى 2-بەتتە)

新疆日报 | 天山网 www.ts.cn | 石榴云
新 疆 报 业 传 媒 集 团